## 14225 ـ رامىزاندا جۇنابەتتىن غۇسلى قىلىشنى تاڭ يورۇغىچە كېچىكتۈرسە روزا بۇزۇلمايدۇ

### سۇئال

مەن رامىزاندا سوھۇرلۇق ۋاقتىدىن بۇرۇن ئىھتىلام بولۇپ قالدىم، غۇسلى قىلىشقا قادىر بولالمىدىم، چۈنكى يۇيۇنسام ئاتا-ئانام مېنىڭ ئىھتىلام بولغانلىقىمنى بىلىپ قالاتتى، بۇ سەۋەبلىك يۇيۇنۇشتىن خىجىللىق ھېس قىلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇيۇنماي سوھۇرلۇق يېدىم، ئاللاھ كەچۈرسۇن! مەن شۇ كۈنى بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىدىم، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن قازاسىنى ئوقۇدۇم، مېنىڭ بىلمەكچى بولغۇنۇم، مېنىڭ شۇ كۈندىكى روزام توغرا بولامدۇ؟، مېنىڭ قارىشىمدا مەن جۇنۇپ تۇرۇپ يۇيۇنماي سوھۇرلۇق يەپ تۇتقان روزام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

رامىزاندا ئەر-ئايال بىرگە بولۇپ، جۇنۇپ بولۇپ قالغان بولسا شۇنىڭدەك كېچىدە ياكى كۈندۈزدە ئۇخلاپ ئىھتىلام بولۇپ قالغان كىشىلەرىيۇيۇنۇشتىن بۇرۇن سوھۇرلۇق يەپ ئاندىن تاڭ يورىغاندا يۇيىنسىمۇ بولىدۇ، بۇلارنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ. رامىزان روزىسى تاڭ يورىغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەر-ئايالنىڭ بىرگە بولىشى، جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى بىلەن بۇزۇلىدۇ. [دائىمى كومىتېتى پەتىۋاسى 10-توم327-بەت].

ئەمما سىزنىڭ نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغانلىقىڭىز، توغرا بولماپتۇ، چۈنكى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش كېرەك، سىزنىڭ يۇيۇنۇشتىن خىجىللىق ھېس قىلىپ نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىكىڭىز بۇنىڭغا ئۆزۈر بولالمايدۇ، سىز بۇ قىلمىشىڭىز ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سورىشىڭىز لازىم. جانابى ئاللاھ سىز ۋە بىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.